# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۆھبەت يىغىنىدا، گومىنداڭ ئىنقىلابىي
كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن
ئېشياڭ، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتې-
تىنىڭ رەئىسى دىڭ جۇڭلى، دېموكراتىك دۆلەت
قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئى-
سى خاۋ مىڭجىن، دېموكراتىيەنى ئىلگىرى
سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى
سەي دافېڭ، دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك
پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى
چېن جۇ، ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن گاڭ، «3 ـ سېنتە-
بىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
رەئىسى ۋۇ ۋېيخۇا، تەيۋەن دېموكراتىك ئاپ-
تونومىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئى-
سى سۇ خۈي، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچى-
لەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى گاۋ يۈنلۇڭ، پار-
تىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىلى باۋ شىنخې
ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى. ئۇلار
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كو-
مىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە
چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش،
دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە
قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا
سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسى-
لە توغرىسىدىكى قارارىنى قۇۋۋەتلىدى ھەم
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەر-
لىكىنى كۈچەيتىش، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇ-
رۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېڭىچە پارتىيە تۈزۈ-
مىدە ياخشى چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشى
راۋاجلاندۇرۇش، ياخشى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش
تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتى-
تىش، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور تەرەققىيات
ئىستراتېگىيەسى ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىل-
لىك يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئەمەلىيلەش-
تۈرۈشكە تۆرتكە بولۇش، دۇنيادىكى مەسئۇ-

لىيەتچان پەن ـ تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى
قۇرۇش، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە
قىلىش سىستېمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش،
ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈزۈم
كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، يۇقىراۋى ئىگە-
لىك ساھەسىدە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى-
نىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دۆلەت
ئىدارە قىلىش سىستېمىسى توغرىسىدىكى نەزە-
رىيە تەتقىقاتى ۋە تەربىيە، تەشۋىقاتىنى كۈچەي-
تىش قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەر-
نى ئوتتۇرىغا قويدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلى-
غاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى.
ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: كۆپچىلىك قارار تېزى-
سى توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك، ئو-
رۇنلۇق پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا
قويدى، بۇنىڭ قارار تېزىسىنى ياخشى تۈزى-
تىشكە كۆپ ياردىمى بار، بىز ئەستايىدىل
تەتقىق قىلىمىز ۋە قوبۇل قىلىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي
كومىتېتى «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشا-
نىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئا-
چىدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ
تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت
ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش
ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش
توغرىسىدا سىياسىي خىتاب چىقىرىدۇ. دۆلىتىمىز-
نىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە
قىلىش ئىقتىدارى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى
ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنىڭ مەركەزلىك
ئىپادىسى. دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتى-
كى بارلىق خىزمىتى ۋە پائالىيىتى جۇڭگوچە سوت-
سىيالىزم تۈزۈمىگە ئاساسەن قانات يايدۇرۇلىدۇ
ھەم بۇ جەرياندا ئۈزلۈكسىز تەجرىبە توپلىنىدۇ،

سەۋيەسى ئۆستۈرۈلىدۇ. بىزنىڭ ھازىر قىلىدىغى-
نىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ
تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەمەلىيى-
تىدە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئى-
دارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى
ئالغا سىلجىتىشتۇر.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل بولغان مۇھىم
تارىخىي پەيتتە، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى جۇڭگو
قۇرۇلغاندىن بۇيانقى سوتسىيالىزم تۈزۈمى قۇ-
رۇلۇشى، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە
ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى جەھەتتى-
كى تەجرىبىلىرىنى ياخشى خۇلاسىلەپ، يەنىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا تارىخىي تەجرىبىلەرنى قول-
لىنىش ئاساسىدا، كەلگۈسى بىر مەزگىلدىكى
تۈزۈم قۇرۇلۇشى، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى
ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنىڭ
كۈچەش نۇقتىسى ۋە نىشان ـ ۋەزىپىسىنى ئايد-
دىڭلاشتۇرۇش كېرەك. كۆپچىلىكنىڭ دىققەتنى
يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى
تەرەققىياتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىسىگە مەركەز-
لەشتۈرۈپ، ھەركىم ئۆز ئەۋزەللىكىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئالدىن كۆ-
رەرلىككە، ئىستراتېگىيەلىككە، مەشغۇلاتچان-
لىققا ئىگە پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ۋاڭ چېن، ليۇ خې، ياڭ
شياۋدۇ، چېن شى، گو شېڭكۈن، خۇاڭ
كۈنمىڭ، يوۋ چۈەن، شياۋ جېي، جاڭ چىڭلى،
خې لىفېڭ، مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ
مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان پارتىيە سىرتىدى-
كى زاتلاردىن يەنە چېن شياۋگۇاڭ، جېڭ
جيەنباڭ، گۇ شېڭزۇ، ليۇ شىنچېڭ، خې ۋېي، شاۋ
خۇڭ ۋە جياڭ زوجۈن، لى يۈفېڭ، شيې جىگرۇڭ،
يۈ رۇسۇڭ قاتارلىقلار بار.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر
ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئۈلگە بولۇپ، باشتىن ـ
ئاخىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىر-
دەكلىكنى ساقلاشتا ئۈلگە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كو-
مىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي
ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئۈلگە بولۇپ،
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق
ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇشى
كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەركەز ۋە دۆلەت
ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشى-
لاشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇش
كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇ-
شى جەزمەن ئالدىدا مېڭىشى، ئۈلگە بولۇشى كېرەك،
بۇنى مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئورنى ۋە رولى
بەلگىلىگەن. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە مەر-
كىزىي كومىتېتىغا ئەڭ يېقىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا
مۇلازىمەت قىلىشى ئەڭ بىۋاسىتە بولۇپ، ئورگان پارتىيە
قۇرۇلۇشى ھەتتا باشقا ساھەلەردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا
قارىتا مۇھىم يۆنىلىش بەلگىسىلىك رولغا ئىگە. پارتىيەنى
ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش،
ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشتا، جەزمەن مەركەز ۋە
دۆلەت ئورگانلىرىدىن باشلاپ چىڭىتىش، ئورگان پارتىيە
قۇرۇلۇشىدىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: باشلامچىلىق بىلەن
«ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەركەز ۋە
دۆلەت ئورگانلىرىدىكى پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشى-
نى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. باشلامچىلىق بىلەن
«ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش مەركەز ۋە

دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى
باش ۋەزىپە. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى چوڭقۇرلاش-
تۇرۇپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي
ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق
ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشتە ياخشى ئۈلگە
بولۇپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئۆز خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەشتە، كەسىپ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا ئەمەلىي-
لەشتۈرۈش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تەشكىللەش كۈچى-
نى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مۇستەھكەم،
كۈچلۈك ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى
بەرپا قىلىش كېرەك. ئىزچىل ھالدا ئىستىلنى توغرىلاپ،
ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، ئىستىل دۈرۈس، كەيپىيات توغرا
سىياسىي ئورگان قۇرۇش كېرەك. جەزمەن پاك بولۇش
بىلەن مەسئۇلىيەتچان بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر
تەرەپ قىلىش كېرەك، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى
مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماسلىق، قىلىدىغاننى قىلماسلىق-
نىڭ باھانىسى قىلىۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئالاھىدىلىك قانۇ-
نىيىتىنى ئىگىلەپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتى-
يە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ،
ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى، پارتىيە قۇرۇ-
لۇشى بىلەن كەسىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى، نىشان يېتەكچىلى-
كى بىلەن مەسىلە يۆنىلىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، قائىدە ـ
تۈزۈم تۇرغۇزۇش بىلەن ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش-
نىڭ مۇناسىۋىتىنى، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يا-
رىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش
كېرەك. سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،
مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا
بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك.

---

## تەبرىك خەت

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۈگۈنكى دۇنيادا، يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتقا يې-
تەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ.
جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇ-
ماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىستراتېگىيەلىك يۈر-
سەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات دولقۇنى بېشىدا مەزمۇت
تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە باتۇرلۇق
بىلەن ئۆرلەپ، دەسلەپكى يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى
بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا
بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى تېزلىتىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ پاي-
دىلىق ئېگىزلىكىنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، دۆلىتىمىزنى دۇن-
يادىكى پەن ـ تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ
چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى
ئۈمىد قىلىمەن.

**شى جىنپىڭ**

2019 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى
تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەلىپى ۋە خەلق ئاممىسى-
نىڭ يېڭى ئۈمىدى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى،
بۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ
چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، سوتسىيا-
لىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك
قۇرۇپ چىقىش، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈ-
زۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەش، پارتىيە ۋە
دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىككە ھەقىقىي كاپا-
لەتلىك قىلىشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر،
ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتۈن ئاپتونوم را-
يوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار
شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ
تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت
ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى
ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرى-
كىتىنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-
تېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ
باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ
روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «قارار»دىكى ئو-
رۇنلاشتۇرما، ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا بىرلىككە
كەلتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي،
بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن
ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، تى-
رىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ
تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت
ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش
ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش،
«ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنى-
شىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئا-
شۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىشى
كېرەك.

بىرىنچىدىن چوڭقۇر، ياخشى ئۆگىنىپ،
ئىدىيەۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش
كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كو-
مىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ
باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ
روھىنى ئۆگىنىشنى نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن
كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي
ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوت-
سىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇ-
كەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىس-
تېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانى-
ۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشنى چوڭقۇر ئۆزلەش-
تۈرۈش «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشا-
نىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم، زور ۋەزىپە،
يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا
سىلجىتىشنىڭ تۈپ تەلىپى، خەۋپ ـ خەتەر،

خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش، تەشەببۇسكارلىق-
نى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى، ئى-
دىيەۋى تونۇشنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەر-
كىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى،
بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆ-
زىنىڭ تەلىپىگە ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ،
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ
تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت
ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش
ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش-
تىكى ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق، سىياسىي ئاڭلىقلىق،
ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش
كېرەك.

ئىككىنچىدىن كەڭ دائىرىدە ياخشى
تەشۋىق قىلىپ، ياخشى كەيپىيات يارىتىش
كېرەك. يۆنىلىش ۋە ئاساسىي رىتىمنى ياخشى ئى-
گىلەپ، تۈرلۈك ئاخبارات تاراتقۇلىرىنى بىرتۇتاش
پىلانلاپ، تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن
پايدىلىنىپ، ئامما ياقتۇرىدىغان شەكىللەرنى
قوللىنىپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ
باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ
روھىنى كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق
تەشۋىق قىلىپ، مەركەزلىك تەشۋىق قىلىشنى
قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىش، يېتەكچىلىك قى-
لىشنى ياخشى تۇتۇپ، روھنى شەرھلەشنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈ-
چەيتىپ، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش قىزغىنلىقى-
نى تېزدىن قوزغاپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇ-
رۇش قويۇق كەيپىياتىنى يارىتىپ، ھەر مىللەت
كادىرلار، ئاممىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈ-
زۈمىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋ-
زەللىكىنى تولۇق تونۇشىغا تۈرتكە بولۇپ،
سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي
بۇرچ تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ،
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ
تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش،
دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە
قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا
سىلجىتىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللى-
نىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى
مۇجەسسەملەش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىز-
چىللاشتۇرۇپ، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداش
كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھ-
بەرلىكىدە، ئىلمىي پىلانلاش، ئىنچىكە تەشكىل-
لەش، ئىراق بىلەن يېقىننى بىرلەشتۈرۈش، بىر
پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ
تۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوت-
سىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇ-

كەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىس-
تېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانى-
ۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تەدبىر ـ ئو-
رۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ،
ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «قارار»نىڭ روھىنى
چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈزۈم ئېڭىنى ھە-
قىقىي كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى باش-
لامچىلىق بىلەن قوغداپ، دۆلىتىمىزنىڭ
دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش
سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى پۇختا
ئىگىلەپ، دۆلەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش
ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە جەزمەن چىڭ تۇ-
رىدىغان ئاساسىي پرىنسىپ، ئومۇمىي
نىشان ۋە خىزمەت تەلىپىنى پۇختا ئىگە-
لەپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتى-
كى مۇھىم، زور ۋەزىپە ۋە تەدبىرلەرنى
قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىندا
بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ
ئومۇمىيۈزلۈك جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھە-
قىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن زىچ ياخشى بىرلەشتۈرۈپ،
جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك
قىلىش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركە-
زىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى،
بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم
سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش،
ئىزچىللاشتۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيە-
نىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپ-
مۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك
باش نىشانى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ
تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇ-
تاش رەھبەرلىكىدە، كۈچەپ ئۆلنى پۇختىلاپ،
ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەر-
نى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ،
سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي، قېلىپلاشقان،
يۈرۈشتۈرۈشى ئۈنۈملۈك تۈزۈم سىستېمىسىنى
بەرپا قىلىپ، سىستېمىلىق ئىدارە قىلىش، قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىش، ئۈنۈمپەرسال ئىدارە
قىلىش، مەنبەدىن ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ،
«ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنى-
شىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئا-
شۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش
كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قى-
لىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان
ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن،
لى ۋېي، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ،
سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتار-
لىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دادىل ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈن ۋەزىيى-
تىگە مۇناسىۋەتلىك زور بىر تۈركۈم مۇھىم، زور پەن ـ
تېخنىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى، تەرەققىياتنى چەكلەپ
قويۇۋاتقان زور بىر تۈركۈم ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق
تېخنىكىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرى-
دىغان زور بىر تۈركۈم ئىجادىي نەتىجىلەرنى قولغا كەل-
تۈرۈپ، يېڭى جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يا-
رىتىشنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى يۈتتى. جۇڭگو پەنلەر ئا-
كادېمىيەسىدىكى نەچچە ئەۋلاد ئالىملارنىڭ راستچىل ـ
ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇپ،
خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، شەخسىيەتسىز تۆھپە
قوشۇشتەك ئىلغار ئىش ئىزلىرى دۆلىتىمىزدىكى كەڭ
زىيالىيلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ۋە ئالىيجاناب
پەزىلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۈگۈنكى دۇن-
يادا، يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدى-
غان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. جۇڭگو پەنلەر
ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى
ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىستراتېگىيەلىك يۈرسەتنى چىڭ
تۇتۇپ، ئىسلاھات دولقۇنى بېشىدا مەزمۇت تۇرۇپ،
پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە باتۇرلۇق بىلەن
ئۆرلەپ، دەسلەپكى يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى بەرپا قى-
لىشنى تېزلىتىپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا
بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى تېزلىتىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ
پايدىلىق ئېگىزلىكىنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، دۆلىتىمىزنى
دۇنيادىكى پەن ـ تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى قىلىپ
قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇ-
شنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومى-
تېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى،
گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىقىي يولىيورۇق
بېرىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيە-
سى ئاكادېمىيە قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، دۆلەتنىڭ
مۇھىم، زور ئېھتىياجىغا يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىلىم ـ
پەن بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، مول نەتىجە يارىتىپ، ئىختى-
تىساسلىقلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىپ، دۆلەتنىڭ پەن ـ
تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا
تۈرتكە بولۇشقا مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى. يەر شارىۋى
يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەت ئىنقىلا-
بى ئالدىدا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئېغىر ۋەزىپىنى
زىممىسىگە ئالغان. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئو-
رۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجا-
دىيەتلىك قوزغىتىش تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا
قويۇپ، كەلگۈسى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئالدىن-
قى قاتارى ۋە دۆلەتنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىيات
ئېھتىياجىنى نىشانلاپ، پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھا-
تىنى كۈچەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ياخشى يېڭىلىق يارى-
تىش ئېكولوگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، قانۇنىيەتكە ھۆرمەت
قىلىپ، ئاساسىي تەتقىقات ئۆلىنى پۇختىلاپ، خەلقئارا

ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئالىملار روھىنى ئەۋج ئالدۇ-
رۇپ، پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى ساھەسىدە يەنە تېخىمۇ
كۆپ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق
تېخنىكا ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا تېخىمۇ كۆپ بۆسۈش
ھاسىل قىلىپ، مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلى-
رىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى
قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو پەنلەر
ئاكادېمىيەسى ئاكادېمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەب-
رىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ
تەبرىك خېتى ۋە لى كېچياڭنىڭ تەستىقىي يولىيورۇقى
ئوقۇپ ئۆتۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەر-
كىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇ-
يۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ خې يىغىندا سۆز قىلدى.
ئۇ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك
خېتىدە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ 70 يىلدىن بۇيان
قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى تولۇق
مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ
كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ يۆنىلىش كۆرسىتىپ بې-
رىلدى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيە-
سىدىكى كەڭ پەن تەتقىقات خادىملىرى ئۆتكەللەرگە
ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، باتۇرلۇق بىلەن
يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇ-
دەك تۈركۈم ـ تۈركۈم مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا
نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تىللاردا داستان
بولغان، كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن نۇرغۇن
ئىلغار ئىش ئىزلارنى قالدۇردى. جۇڭگو پەنلەر ئاكا-
دېمىيەسىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات داۋامىدا غەيرەت
ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئاساسىي تەتقىقات داۋامىدا
تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى، ئاچقۇچلۇق،
يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا جەڭگىۋار
قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى، پەن ـ تېخنى-
كا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا باشلامچى-
لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى، يۇقىرى سەۋىيەلىك
پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈ-
رۈش جەھەتتە ئېگىزلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى،
ئالىملار روھىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە ئۈلگىلىك
رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىندا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مەس-
ئۇللىرى ۋە ئاكادېمىك ـ مۇتەخەسسىسلەر، ياش
پەن تەتقىقات تايانچلىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى
سۆز قىلدى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى 1949 ـ يىلى 11 ـ
ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو
پەنلەر ئاكادېمىيەسى «پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش،
دۆلەتكە مۇلازىمەت قىلىش، خەلققە بەخت يارىتىش»نى
بۇرچ قىلىپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك بىر تۈركۈم
مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ،
دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى، ئىقتىساد، جەم-
ئىيەت تەرەققىياتى ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئۈچۈن
مۇھىم تۆھپە قوشتى.